# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 5 - ئاي

26

يەكشەنبە

维吾尔文 5月26日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65–0002/–W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24707 - سان بۈگۈن 4 بەت


# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

# پېشقەدەم قەھرىمان جاڭ فۇچىڭنىڭ تەسىرلىك ھېكايىسى ئەسلى مەقسەتنى ئىزاھلىدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرىغا قارىتا مۇھىم يوليورۇق بەرگەنلىكى پۈتۈن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى زىيارەت قىلىش داۋامىدا، جاڭ فۇچىڭنىڭ دوستى بىلەن تونۇشۇشتىن تۈنجى قېتىم تاراتقۇ خەۋىرى ئارقىلىق قەھرىمانغا يېقىنلاشقان كىشىلەرگىچە، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ نام - تۆھپىسىنى چوڭقۇر يوشۇرغان، ئەسلى مەقسەتتە چىڭ تۇرغان جاڭ فۇچىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## سەللەنەتلىك 70 يىل · كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# جۇكىن كەنتى كەسپلەر يېڭى كەنتكە «ئۆزگەردى»

### تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **يى شياۋجۈن، ۋاڭ لىپى، تاڭ يۈك، لۈ يىخەن**



5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سەھەردە، بورتالا شەھىرىنىڭ بىلىن خارمودۈن يېزىسى جۇكىن كەنت ئاھالىلىرى كېۋەزلىكتە ئىشلىمەكتە.

□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى **تاڭ يۈك** فوتوسى

بىر ئىستاكان چاينى دەملەپ بولغىچە، تاڭ نۇرى دېرىزىگە چۈشتى. 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بورتالا شەھىرىنىڭ بىلىن خارمودۈن يېزىسى جۇكىن كەنتىدىكى 65 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ۋېن داگۈي ئائىلىتەن ئورنىدىن سەھەر تۇردى. بۈگۈن، ئۇ ئون نەچچە كەنت ئاھالىسى بىلەن بىللە، كەنتتىكى نىلۇپەر كۆلچىكى قۇرۇلۇش ئىش ئورنىغا بېرىپ، كەنت بەرپا قىلىۋاتقان ساياھەت ئېكسكۇرسىيە بەلبېغىغا ياردەملەشمەكچى ئىدى.

جۇكىن كەنتىدىكى 118 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىرقى تۇرمۇش ئىلگىرىكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ، كەنت ئاھالىلىرى ئارقا - ئارقىدىن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

«بورتالا ئوبلاستىدىكى پاختىچىلىق 1 - كەنتى» دەپ ئاتالغان جۇكىن كەنتى ئىلگىرى كەسىپ قۇرۇلمىسى يەككە، كوللېكتىپ ئىگىلىكى ئاجىز بولغان ئارقىدا قالغان كەنت ئىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەمگەكچان جۇكىنلىقلار يېڭىلىقنىڭ تەن بەرمەسلىكتەك غەيرەت بىلەن بوشۇشكە ۋە سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، روشەن خاسلىققا ئىگە ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش يولىنى تاپتى.

**■ پارچە يەرلەر پۈتۈن ئېتىزغا ئايلاندى**

1986 - يىلى، جۇكىن كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى تار كوچا، خالتا كوچىلار كۆپ رەتسىز كونا كەنت بىلەن خوشلىشىپ، قومۇش بېسىپ كەتكەن شورلۇق دالادا يېڭى كەنت قۇردى.

«كېۋەز، گازىر تاۋۇزى، ئاپتاپپەرەس... كەنت ئاھالىلىرى قايسى خىل دېھقانچىلىق زىرائىتى شۇ يىلى ئەڭ كۆپ پايدا بەرسە شۇنى تېرىش كېرەك، دەپ قارايدى. بىر يىل ئالدىراش ئۆتۈپ، تارتقان جاپا ئۇۋۇل ئاياقتا تۇرسۇن، پايدىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى» دېدى جۇكىن كەنتىنىڭ تۇنجى قارار پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن جوۋ يىلىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئەسلەپ تۇختىماي خورسىنغان ھالدا.

«نامراتلىقتىن قورقۇپ كەتكەن» كەنت ئاھالىلىرى يەردىن «ئالتۇن قېزىش»قا باشلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش نىشاننى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ داۋاملىق ياخشىلىنىشىغا تۆھپە قوشۇش توغرىسىدىكى قارارى

**(2019 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 - يىغىنى 2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتقان، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئەمەلىيلەشتۇرۇلۇۋاتقان ھالقىلىق مەزگىلدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قازىنىلىۋاتقان، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتقان، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلىنىۋاتقان ھالقىلىق يىلدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق مەخسۇس مۇھاكىمە خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنى. يىغىن جەريانىدا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى زىچ چۆرىدەپ، «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش»تىن ئىبارەت مۇھاكىمە تېمىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، چوڭقۇر كېڭىشىپ ۋە مۇزاكىرە قىلىپ، پائال تۈردە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، كەڭ تۈردە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# خاس پۇقراۋى قونالغۇ شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىككە ھۆسن قوشتى

### يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆھپە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

□ مۇخبىرىمىز رىن جياڭ

ھەر كۈنى سەھەردە ئويغىنىپ، قۇشلارنىڭ ئورمانلىقتىكى سايراشلىرىنى ئاڭلاش، ئۆيدە ئولتۇرۇپ دېرىزە سىرتىدىكى يېشىل گىلەمدەك ئوتلاقنى كۆرۈش، تېتىتىنچ دېھقانلار قورۇسىدا ئاپتاپقا قاقلىنىش، ئۆيدىن چىقمايمۇ قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادەتتىن ھۇزۇرلىنىش... بۈگۈنكى كۈندە، بارغانسېرى كۆپ ساياھەتچى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خاس پۇقراۋى قونالغۇلاردا قونۇشنى تاللايدىغان بولدى. خاس پۇقراۋى قونالغۇ شىنجاڭنىڭ ساياھەت كەسپىدىكى ئەڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە كەسپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىگىمۇ ھۆسن قوشتى.

**■ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش تەرەققىياتقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش**

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتە، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى ئېگىنبۇلاق يېزىسى سەيزىگۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جاڭ دېملىك ئەر - خوتۇن تاماق ئېتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى — ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر نەچچە مېھمان شۇ جاينىڭ ئۆزگىچە تامىقىنى يېمەكچى بولغاچقا، ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئەتىگەندىلا ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى.

2015 - يىلىدىن باشلاپ، جاڭ دېملىك ئەر - خوتۇن كەنتتە مېھمانخانا ئاچتى. بۈگۈنكى كۈندە، مېھمانخانىدا توققۇز ئۆلچەملىك ياتاق، تۆت چوڭ ياتاق بار، بىر قېتىمدا 50 - 40 ساياھەتچىنى كۈتۈۋالالايدۇ. «بىز كەنتتە مېھمانخانىنى بىر قەدەر بالدۇر ئاچقان، ھازىر كەنتتە ئون نەچچە پۇقراۋى قونالغۇ بار» دېدى جاڭ دېملىك.

بۈگۈنكى كۈندە، سەيزىگۇ كەنتىگە ئوخشاش پۇقراۋى قونالغۇنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان كەنتلەر ئاز ئەمەس. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ زىبىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سانجى ئوبلاستى پۈتۈن رايون ساياھىتى، يېزا - كەنت ساياھىتى، ئىستراھەت - ئارام ساياھىتى قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ياراتتى، بۇ يەردىكى پۇقراۋى قونالغۇ 500دىن ئاشتى، چەت، يىراق تاغلىق كەنتتىكى نۇرغۇن دېھقان - چارۋىچى پۇقراۋى قونالغۇ ئېچىش ئارقىلىق «ساياھەتچىلىكنىڭ نېنى»نى يېدى. سانجى ئوبلاستى بۇلتۇردىن باشلاپ يەتتە ناھىيە، شەھەردىكى ئون يېزا - بازاردىكى 18 كەنتتە نۇقتىلىق ھالدا پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# شىنجاڭدا «تيانشان شىمالىي ئېتىكى داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى» قۇرۇلدى

# ھەر مىللەت ئاغرىقلىرىغا مۇلازىمەت قىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر يۇ تاۋ)** رايون داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ شىخەنزە داشۆسى تېببىي شۆيۈەنى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «تيانشان شىمالىي ئېتىكى داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى» ئىتتىپاقنى باشلامچى بولۇپ تەشكىللەپ قۇردى، تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن كەلگەن 31 داۋالاش ئاپپاراتى بۇ ئىتتىپاقنىڭ ھەمكارلىق كېلىشىمىنى ئورتاق ئىمزالىدى.

شىخەنزە داشۆسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى شيا ۋېنبىن مۇنداق دېدى: «تيانشان شىمالىي ئېتىكى داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى»نى تەشكىللەپ قۇرۇشتىكى مەقسەت تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئەڭ ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، تولۇقلىنىش ئەۋزەللىكىنى ماس جارى قىلدۇرۇپ، داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

# «بۇ بىر تۈپ ئۆرۈكنى ئەڭ ئامراق ئوغلۇمغا قالدۇردۇم»

□ ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **شىڭ باۋيۇ، لىيۇ ياخۇي**

قومۇل شەھىرى ئاراتۈرۈك ناھىيەسىنىڭ ئاداق يېزىسى سايباغچا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سايىمخان ھوشۇرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئالتە تۈپ باراقسان ئۆسكەن ئۆرۈك دەرىخى بار بولۇپ، سايىمخان بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز، ئەڭ چوڭ بىر تۈپىنى «ئوغلى» دېلىڭ لياڭچۈنگە بۆلۈپ بەردى. «بۇ بىر تۈپ ئۆرۈكنى ئەڭ ئامراق ئوغلۇمغا قالدۇردۇم» دېدى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سايىمخان كۈلۈپ تۇرۇپ.

دېلىڭ لياڭچۈن ئاداق يېزىسىنىڭ كادىرى، 2017 - يىلى ئۇ 66 ياشلىق سايىمخان بىلەن تۇغقانلاشتى. دېلىڭ لياڭچۈن سايىمخاننىڭ بەش بالىسىنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغانلىقىنى، دائىم ئۆيگە قايتىپ ئانىسىنى يوقلىيالمايدىغانلىقىنى بىلدى. «ئۇرۇق - تۇغقان بولغان ئىكەنمەن، مەن مومايىنىڭ بالىسى، شۇڭا ئوغۇللۇق مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشىم كېرەك» دېدى دېلىڭ لياڭچۈن.

دېلىڭ لياڭچۈن سايىمخان بىلەن تۇغقانلاشقاندىن كېيىن، پات - پات مومايغا گۆرۈچ، ئۇن، ياغ قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئاپىرىپ بەردى. سايىمخاننىڭ يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بار ئىدى، بۇ دېلىڭ لياڭچۈننى ئىنتايىن ئەندىشىگە سالدى، شۇڭا ئۇ نەچچە كۈندە بىر مومايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوقلاپ، سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى - يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەپتىش ئورگانلىرى دېلولارنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى

# قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنىڭ دەل جايىدا، كۈچلۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى

مۇخبىرلىرىمىز **ياڭ شۇخەن، جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەپتىش ئورگانلىرى تەرتىپ ئېنىق ۋە دەلىل - ئىسپات ئېنىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دېلولارنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، سوت قىلىشتىن ئىلگىرىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنىڭ دەل جايىدا، كۈچلۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوتنىڭ ھەمكارلىشىپ دېلو بېجىرىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن بۇ يىل 3 - ئايدا «قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە تەكشۈرۈش، قولغا ئېلىش، ئەرز قىلىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بىرلىكتە ئىمزالاپ تارقىتىپ، «قارا، رەزىل كۈچلەر جىنايىتى دېلولىرىنى بېجىرىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى خىزمەت تەپسىلىي قائىدىسى»نى ۋاقتىدا تۈزۈپ، سوت قىلىشتىن ئىلگىرىكى بىر گەۋدىلەشكەن خىزمەت مېخانىزمىنى پائال بەرپا قىلىپ، تەھقىقلەش، قولغا ئېلىش، ئەرز قىلىشنى ئۈنۈملۈك ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن بىرلىكتە «قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلات جىنايىتى دېلولىرىنى بېجىرىشتىكى دەلىل - ئىسپات كۆرسەتمىسى» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى چىقىرىپ، ئەدلىيە ئورتاق تونۇشنى ئەڭ زور دەرىجىدە مۇجەسسەملىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP